ئىشنى ياخشى باشلايلى قەدەمنى ياخشى ئالايلى

ئاشلىق بىخەتەرلىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقنى مەھكەم ئىگىلەيلى

—— مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئاشلىق بىخەتەرلىكى دۆلەت خەۋپسىزلىكىنىڭ مۇھىم ئاساسى، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش باشتىن ـ ئاخىر دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش. باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى: ئاشلىق بىخەتەرلىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يىلمۇيىل چىڭ تۇتۇش كېرەك. بۇ ئېنىق تەلەپ بىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلىشىمىزگە نىسبەتەن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئاشلىق جاھاندىكى ئاۋام پۇقرالارنىڭ ھاياتلىقى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، دۆلەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقىدۇر.» بىر دۆلەت مەۋقەنى ئاشلىق بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىنى تەمىنلەشكە قويغاندىلا، ئاندىن ئاشلىق بىخەتەرلىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقنى ئىگىلىيەلەيدۇ، بۇ ئارقىلىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ۋەزىيەتنى كونترول قىلالايدۇ. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر مۇقىم بولۇشىنى ساقلاشتا، ئاشلىق ۋە مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن مۇقىم تەمىنلەشنىڭ تۆھپىسى زور. 2020 ـ يىلى دۆلىتىمىز ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە تارىخىي خاراكتېرلىك «ئۇدا 17 يىل مول ھوسۇل ئېلىش»نى ئىشقا ئاشۇردى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 1 تىرىليون 339 مىليارد جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11 مىليارد 300 مىليون جىڭ كۆپىيىپ، 0.9% ئاشتى، مەھسۇلات مىقدارى ئۇدا ئالتە يىل 1 تىرىليون 300 مىليارد جىڭدىن يۇقىرى سەۋىيەنى ساقلىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە يىلمۇيىل مول ھوسۇل ئېلىندى، ئاشلىق زاپىسى يېتەرلىك، ئاشلىق ۋە مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشقا تامامەن ئىقتىدارىمىز بار، جۇڭگولۇقلارنىڭ تاماق قاچىسى ئۆز قولىدا چىڭ تۇتۇلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «بىزگە ئوخشاش 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسى بار چوڭ دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئۇللۇق ئورنىغا ھەرقانداق ۋاقىتتا سەل قاراشقا ۋە ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، قولدا ئاشلىق بولسا، كۆڭۈلدە ھودۇقۇش بولمايدۇ، دېگەن گەپ ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەقىقەت.» دۆلەتنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش بىر مەڭگۈلۈك تېما بولۇپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا بۇ كىرىچنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. تاشقى مۇھىتتا چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈزبېرىۋاتقان مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»نىڭ تۇراقلاشتۇرغۇچلۇق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ تاماق قاچىسىنى مەھكەم تۇتقاندىلا، ئاندىن ھەر خىل خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشتا تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «بىزنىڭ تاماق قاچىمىزدا ئاساسلىقى جۇڭگو ئاشلىقى بولۇشى كېرەك.» ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەرگە باغلاش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكىغا باغلاش ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە. تېرىلغۇ يەر ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جان تومۇرى، چوڭ مۇشۈكئېيىقنى قوغدىغانغا ئوخشاش تېرىلغۇ يەرنى قوغداپ، 1 مىليارد 800 مىليون مو تېرىلغۇ يەر قىزىل سىزىقنى قاتتىق قوغداپ، قەتئىي تۈردە تېرىلغۇ يەرنى «يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىش»نى توسۇپ، «ئاشلىقتىن باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىش»نىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئەڭ كۈچلۈك بولغان قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئەڭ قاتتىق بولغان تېرىلغۇ يەرنى قوغداش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلەش بىلەن تولۇقلاشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئاشلىق بىخەتەرلىكى كەسىپ بەلبېغى قۇرۇپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز ـ ئېرىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئېتىز ـ ئېرىق، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ قارا تۇپراقنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، قارا تۇپراقنى قوغداشنى بىر چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتۇپ، قارا تۇپراقتىن ياخشى پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ياخشى ئاسراش كېرەك. ھوسۇلنى مۇقىملاشتۇرۇش، ھوسۇلنى ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ چىقىش يولى پەن ـ تېخنىكىدا، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىدا ئۆزگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا ئۇرۇقلۇق ئاساس. ئۇرۇقلۇق مەنبەسىدىكى «گالنى بوغىدىغان» تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، بىر مەيدان ئۇرۇقچىلىقتا قەد كۆتۈرۈش جېڭى قىلىشقا ئىرادە باغلاش كېرەك.

ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتا، مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشنىڭ ئاچقۇچى دېھقانلارنى ئاشلىق تېرىپ پۇل تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتا. ئاشلىق تېرىيدىغان دېھقانلارغا ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىشنى مۇقىملاشتۇرۇپ ۋە كۈچەيتىپ، سېتىۋېلىش، ساقلاش، تەڭشەش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئەڭ تۆۋەن سېتىۋېلىش باھاسى سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تولۇق تەننەرخ ۋە كىرىم سۇغۇرتىسى دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تىجارەت شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنى ياخشى يېتىشتۈرۈپ، مۇۋاپىق كۆلەملىك تىجارەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، كەسىپلەشكەن، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارى بويىچە تەربىيەلىنىشىنى كۈچەيتىپ، باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ يېمەكلىك ئىستېمال قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسمەكتە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشتا ھەم سانغا كاپالەتلىك قىلىش، ھەم كۆپ خىللىققا كاپالەتلىك قىلىش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، سورت يېتىشتۈرۈش، ئەلالاشتۇرۇش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، سۈپەتلىك ماركا بەرپا قىلىش ۋە ئۆلچەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىشقا تۈرتكە بولۇپ، تىرىك چوشقا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، كەسىپلەرنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودىسىدىن ئىبارەت بۇ كوزىرنى ياخشى ئويناپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىمپورتىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ سىرتقا چىقىشىنى قوللاپ، ئاچقۇچلۇق ئەشيا ئوبوروتى تۈگۈنلىرىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئېلاستىكلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئامبار ئاشلىققا تولسا، جاھان خاتىرجەم بولىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئاشلىق بىخەتەرلىكىدىن ئىبارەت سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشى كېرەك. ئاشلىقنى ئادەتتىكى تاۋار دەپ قاراپ، ئىقتىسادىي ھېساباتنىلا قىلىپ، سىياسىي ھېساباتنى قىلماسلىققا، كۆز ئالدىدىكى ھېساباتنىلا قىلىپ، ئۇزاق مەزگىللىك ھېساباتنى قىلماسلىققا بولمايدۇ، ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونى، ئاساسلىق سېتىش رايونى، ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش تەڭپۇڭ رايونلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆلەمگە كاپالەتلىك قىلىش، مەھسۇلات مىقدارىغا كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتى بار، تاماق قاچىسىنى تەڭ كۆتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى بىللە زىممىگە ئېلىش كېرەك. بۇ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشى! ئاشلىق بىخەتەرلىكىدە پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت تەڭ مەسئۇل بولۇش، «ئاشلىق»قا ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش، شۇجىمۇ مەسئۇل بولۇشنى يولغا قويۇش كېرەك. «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى سىجىل ئۆستۈرۈپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئۆز قولىمىزدا مەھكەم تۇتساقلا، بىز چوقۇم ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىيەلەيمىز.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

توكچىدىن ھۈنەرۋەنگىچە

—— ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى قۇربانجان بارات توغرىسىدا

ئەمگەكچىلەر ناخشىسى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لياڭ لىخۇا
ئىختىيارىي مۇخبىر لۇ جۈەن

گوۋۇيۈەننىڭ ھۆكۈمەت ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان، ئاپتونوم رايون بويىچە 10 ـ تۈركۈمدىكى گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس... 2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، مۇخبىرلار شىنجاڭ خۇاتەي ئېغىر خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە كېلىپ، ئەمدىلا «ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن قۇربانجان باراتنى زىيارەت قىلدى. مۇخبىرلار شىركەتنىڭ «قۇربانجان بارات رېمونتچىلىق، توكچىلىق ماھارەتى ئۇستىسى ئىشخانىسى»نى قۇرغانلىقىنى، كۆرگەزمە ئىشكاپىغا قۇربانجاننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى خاتىرىلەنگەن نەچچە ئون پارچە شەرەپ گۇۋاھنامىسى تىزىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى.

قۇربانجان بۇ شىركەتنىڭ خىلور ـ ئىشقار زاۋۇتى خۇاتەي ئېلېكتر ئەسۋابلىرى سېخى تېخنىكا گۇرۇپپىسىنىڭ رېمونتچى توكچىسى. 22 يىللىق كەسپىي ھاياتىدا، ئۇ قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈردى، قۇربانجاننىڭ قاتتىق ئەمەلىي كۈچى خىزمەتداشلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى، كۆپچىلىك ئۇنى سەممىيلىك بىلەن «ئۇستاز» دەپ ئاتىشىدۇ.

جاپالىق مەشىق قىلىپ كەسپىي ماھارەت يېتىلدۈرۈش

بۇ يىل 41 ياشقا كىرگەن قۇربانجان دائىم شاگىرتلىرىغا مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت كۆڭۈل قويسىلا، ئەستايىدىل بولسىلا، قايسى كەسىپنى قىلسا شۇ كەسىپنى سۆيسىلا، ھەممە كىشى ھۈنەرۋەن بولالايدۇ».

ھۈنەرۋەن بىر دەمدىلا يېتىشىپ چىقمايدۇ. خىزمەتكە يېڭى چۈشكەن ۋاقىتتا، قۇربانجان بىر قېتىم نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقاندا، زاۋۇت رايونىدىكى كىران تۇيۇقسىز ئىشلەشتىن توختاپ قالدى، ئەھۋال ناھايىتى جىددىي ئىدى.

قۇربانجان قۇرۇلۇش نەق مەيدانىغا بېرىپ، كونترول قاپقىقىنى ئاچتى، مۇرەككەپ توك يولى تاختىسى ئالدىدا، ئۇنىڭ كاللىسى قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇيان سىناپ، بۇيان سىناپ، نەچچە قېتىم تەكشۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا مەسىلىنىڭ قەيەردىلىكىنى تاپالمىدى. قۇربانجان ئىشچىلارنىڭ سۆيلىشى بىلەن، تىت ـ تىت بولۇپ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، ئۇستىسىنى چاقىرىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇستىسى ئويلىمىغان يەردىن ئىككى مىنۇتتىلا مەسىلىنى ھەل قىلدى.

«مېنىڭ تېز رېمونت قىلغىنىمغا قارىما، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتە ئۈزلۈكسىز ئۆگەنگەنلىكىم ۋە تەجرىبە توپلىغانلىقىمدىن بولغان.» ئۇستىسىنىڭ تەلىمىنى ئاڭلاپ، قۇربانجان كۆڭلىدە: چوقۇم قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرىمەن، دەپ ئىرادە باغلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن قۇربانجان خۇددى باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغاندەكلا بولدى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسىدە كاشىلا كۆرۈلسە، ئۇ بىر چەتتە تۇرۇپ رېمونت قىلىش جەريانىنى تەپسىلىي كۆزىتەتتى، بىلمىگەنلىرىنى سورايتتى، ھەربىر تەپسىلاتنى كىچىك دەپتەرگە خاتىرىلەيتتى. «توكچىلارنىڭ توك يولىنى رېمونت قىلىشقا ئائىت ئۆلگىلىك 300 مىسال» «توكچىلار مەشغۇلاتىدىكى 1000 كاشىلىنى ھەل قىلىش ھەققىدە» قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئۈستىلى ئۈستىدىكى كىتابى بولۇپ، ۋاقتى بولسىلا ئوقۇيتتى. «بۇ كىتابلارنى قانچە قېتىم ۋاراقلاپ چىققانلىقىمنى بىلمەيمەن، ھازىر پىششىق بىلىپ كەتتىم» دېدى قۇربانجان. بىرنەچچە يىل ئۆگىنىش ۋە قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، قۇربانجان ئاخىر ئۇستىسىغا ئوخشاش كەسپىي ماھارەت يېتىلدۈردى.

تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش

قۇربانجان ئاران ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تەتقىق قىلىشقا ماھىر بولۇپ، كاللىسىنى ئىشلىتىشكە ئامراق ئىدى. ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىش جەريانىدا، ئۇ دائىم قانداق يېڭىلىغاندا ئۈسكۈنىلەرنى تېخىمۇ چىدامىلىق قىلغىلى بولىدىغانلىقى، ئىشچىلارنىڭ خىزمەت مىقدارىنى يېنىكلىتىپ، كارخانىنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشكە ياردەم بەرگىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىناتتى.

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، داشقال پىرىسلاش ـ سۈزۈش ماشىنىسىنىڭ كەيگۆەننى ئادەم كۈچى ئارقىلىق تارتىشقا توغرا كېلەتتى، ھەر كۈنى نەچچە يۈز قېتىم تارتقاندا، كەيگۆەننىڭ خورىشى چوڭ بولۇپلا قالماي، رېمونت قىلىشمۇ قولايسىز ئىدى.

قۇربانجان نۇرغۇن ماتېرىيال كۆرۈپ، ھەر كۈنى داشقال ئىش تەرتىپى نەق مەيداندا تۇرۇپ مەشغۇلات جەريانىنى كۆزىتىپ، كەيگۆەن قائىدىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئاخىر تەننەرخى ئەرزان، قۇرۇلمىسى ئاددىي بولغان ئىندۇكتىپلىق يېقىنلاشتۇرۇش كەيگۆەننى بايقىدى، بۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئۆمرى ئۇزاق بولۇپلا قالماي، يەنە كېلىپ رېمونت قىلىشمۇ قولايلىق ئىدى. ئۆزگەرتىش جەريانىدا، ئۇ قايتا ـ قايتا تەجرىبە قىلىپ، ئىشلىتىش ئۈنۈمى توغرىسىدا قايتا ـ قايتا پىكىر ئېلىپ، ئاخىردا ئىندۇكتىپلىق يېقىنلاشتۇرۇش كەيگۆەننى ئىشقا كىرىشتۈرۈپ، ماتېرىيال تەننەرخى ۋە رېمونت قىلىش خىزمەت مىقدارىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتتى.

قۇربانجان يەنە يېڭى تېخنىكىنى تەتقىق قىلىشقا ماھىر ئىدى. ئىلگىرى، تۆۋەن بېسىملىق ئۈسكۈنىلەرنىڭ زاپچاسلىرىنى نۇرغۇن زاۋۇتلار ئىشلەپچىقىرىشنى توختاتقاچقا، سېتىۋېلىش ناھايىتى تەس ئىدى، ئۆزى ياساشقا مەخسۇس قېلىپ كېتەتتى، ھەم ۋاقىت ئىسراپ بولاتتى، تەننەرخىمۇ يۇقىرى ئىدى. ئەينى چاغدا، 3Dلىق بېسىش تېخنىكىسى ئەمدىلا جانلانغان بولۇپ، قۇربانجان بۇنىڭدىن ئىلھام ئالدى: نېمىشقا 3Dلىق دايىنجىنى زاپچاس ياساشقا ئىشلەتمەيمىز؟

2016 ـ يىلى، قۇربانجان 3Dلىق دايىنجىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، 3Dلىق بېسىش تېخنىكىسىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلدى. بېسىپ چىقىرىلغان تۇنجى زاپچاس مۇكەممەل ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، ئۇ بەكمۇ خۇشال بولدى. بۈگۈنكى كۈندە، قۇربانجان 3Dلىق بېسىش تېخنىكىسىنى نۇرغۇن زاپچاس ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىپ، كارخانا ئۈچۈن 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق تەننەرخ تېجەپ بەردى.

2013 ـ يىلى ئىشخانىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، قۇربانجان خۇاتەي شىركىتىنىڭ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى ياخشىلاش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن 600دىن ئارتۇق تۈرنى تاماملاپ، كارخانا ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى تېجەپ بەردى.

ئايىماي ئۆگىتىپ ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش

سېخ، ئاشخانا ھەتتا ئىشتىن چۈشۈپ قايتىۋاتقان يولنىڭ ھەممىسى قۇربانجاننىڭ دەرسخانىسى بولالايدۇ، خىزمەتداشلىرى سوئال سورىسىلا، ئۇ دەرھال جاۋاب بېرىدۇ.

«ئەمەلىيەتتە، مەنمۇ ھەممىنى بىلمەيمەن، بىلمەيدىغانغا يولۇقسام، شاگىرتلىرىم بىلەن بىللە ئىزدىنىمەن» دېدى قۇربانجان كەمتەرلىك بىلەن.

بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق، قۇربانجان يەنە نۇرغۇن تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى بايقاپ، شىركەت ئۈچۈن تېخنىكا كۈچىنى زاپاس تەييارلاپ، شىركەتنىڭ رېمونتچى توكچىلىرىنىڭ تېخنىكا سەۋىيەسىنى سىجىل ئۆستۈردى.

«ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش» ئارقىلىق، قۇربانجان 700 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىنى تەربىيەلەپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئالىي دەرىجىلىك ئىشچىدىن سەككىزنى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىشچىدىن 18نى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، QC نەتىجىسىنى مەلۇم قىلىش تۈرىدىن تۆتنى تاماملىدى.

بۇ يىل قۇربانجان ئارزۇسى بويىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردى. ئۇ مۇنداق دېدى: پارتىيەگە كىرگەندىن كېيىن مەسئۇلىيەتچانلىقىم تېخىمۇ كۈچەيدى، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق مەۋقەنى ئىش ئورنۇمغا قويۇپ، ئۆلچەم خادىملىق، ئۆلگىلىك، يېتەكچىلىك رولۇمنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاددىي خىزمەت ئورنۇمدا يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىمەن.

غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشتىكى ئاساسلىق گاز مەنبەسى رايونى پۈتۈن كۈچى بىلەن تۆۋەن ئېقىندىكىلەرنىڭ سوغۇققا تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن «گاز قاچىلدى»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئوتتۇرا تىپتىكى شەھەردىكى تەخمىنەن 400 مىليون ئاھالە، 3000دىن ئارتۇق كارخانىنىڭ گاز ئىشلىتىشنى كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى پۇقرالارنىڭ گاز ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تارىم نېفىتلىكى جەنۇبىي شىنجاڭ تەبىئىي گاز ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش تورۇبا تورىنىڭ بېسىمنى ئاشۇرۇپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى قەشقەر گاز بېسىمى پونكىتى يېقىندا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، پۈتۈن يىلدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا يېڭىدىن تۆت گاز بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسى كۆپەيتىلىپ، يەنە 14 مىڭدىن ئارتۇق پۇقرا «بەخت»تىن بەھرىمەن بولدى.

جۇڭگو نېفىتنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتىكى «1 ـ نومۇرلۇق قۇرۇلۇشى» بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ تەبىئىي گاز ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ گاز يەتكۈزۈش غول لىنىيە تورۇبا يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، گازلاشتۇرۇش دائىرىسى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى ھەم شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى 42 ناھىيە، شەھەر، 21 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن ـ مەيدانىغا چېتىلىدۇ، تارىم ئويمانلىقى ئايلانما تەبىئىي گاز غول تورۇبا تورى شەكىللەندۈرۈلگەن بولۇپ، نەپكە ئېرىشكەن پۇقرالار شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى 4 مىليون 300 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قاپلايدۇ.

2020 ـ يىلى، تارىم نېفىتلىكى يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك چارلاش ـ ئېچىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن يىلدا 6 مىليون 20 مىڭ توننا نېفىت سۇيۇقلۇقى، 31 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 30 مىليون 800 مىڭ توننا نېفىت، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىپ، 30 مىليون توننىلىق چوڭ نېفىتلىك، تەبىئىي گازلىق ۋە 30 مىليارد كۇب مېتىرلىق چوڭ تەبىئىي گاز رايونىنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى دۆلىتىمىزنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسىنى ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشتىكى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئىز باسما رايونغا ئايلاندۇردى.